# قىز-خانىملار ۋە تەلىم-تەربىيە

[ئۇيغۇرچە]

﴿المرأة والتعليم﴾

[باللغة الأويغورية ]


مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني



نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ



1431 - 2010

islamhouse.com

11551-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

خانىم قىزلارنىڭ قايسى تۈرلەردە بىلىم ئېلىشى توغرا بولىدۇ؟ ئادۋۇكاتلىقتا ئوخشاش كەسپلەرنى قىلسا ۋە ئۆزى قادىر بولالايدىغان ئىشلاردا باشقىلارغا ۋەكىل بولسا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز؟.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

خانىم قىزلار ئالدى بىلەن ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئىگەللىشى مۇھىم دەپ قارالغان دىنى بىلىملەرنى ئۆگىنىشى، كىشىلىك تۇرمۇش، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە بەختلىك ئايال ۋە كۆيۈمچان-تەربىيچى ئانا بولىشىغا پايدىلىق بولغان بىلىملەرنى ئۆگىنىشى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن شارائىت يار بەرسە ئاياللارغا ماس ۋە ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كەسپلەردە تەلىم ئالسا بولىدۇ.

خانىم قىزلار ئايال بىمارلارنىڭ ئەر دوختۇرلارغا كۆرۈنۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئاياللارنى داۋالاش ئىشلىرىدا دوختۇرلۇق ۋە سېستىرالىق كەسپلىرىدە ئوقۇسا بولىدۇ.

خانىم قىزلارمۇ مەلۇم ئىشلارنى باشقىلارغا ۋاكالىتەن بېجىرسە بولىدۇ، بۇ دەۋادا باشقىلارغا ۋەكىل بولغانلىق بولۇپ، ئاياللارمۇ ئادۋوكات بولسا

بولىدۇ، ئەمما ھازىرقى ۋاقىتتا ئادۋۇكاتلىق خىزمىتىنى تاللىمىغىنى ياخشى، چۈنكى ئۇلار دەۋاگەر ۋە خىزمەتداشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، سوت مەيدانلىرىغا چىقىدۇ ۋە باشقا سورۇنلارغىمۇ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئىسلام دىنىمىزدا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرگەن ھەرقانداق ئايالنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بارلىق پرىنسىپلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىشى كېرەك بولۇپ، شەرىئەت قىز-خانىملارنى ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ خىزمەت قىلىشقا ئوخشاش ئىشلاردىن چەكلەيدۇ.

بەزى جەمئىيەتلەردە ئەر-ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ خىزمەت قىلىشى ياكى بىلىم ئېلىشىغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ئومۇملاشقانلىقى ئۇنىڭ ھەقىقەت ياكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولماستىن بەلكى ئاللاھنىڭ دىنىدىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، مۇسلىمە قىز-خانىملار ئادۋۇكاتلىققا ئوخشاش كەسىپلەرنى تاللىماستىن ئاياللىق تىپىغا ماس كېلىدىغان كەسىپلەر بويىچە بىلىم ئىگەللەپ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.